ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلايلى

جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مەرد مەيداندا سىنىلار، ساپ ئالتۇن ئوتتا سىنىلار. يامان ئەلپاز بىلەن كەلگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى، ۋەزىپە قەيەردە خەتەرلىك، ئېغىر بولسا، شۇ يەردە پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمەتلەرنى قەتئىي، كۈچلۈك ئىشلىدى، شۇ يەردە پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت، ئۈلگە بولدى. بىز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ دەرھال مۇھىم يوليورۇق بېرىپ: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار جەزمەن خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەل ۋاقتىدا «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلىشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشنى ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلىدىغان سىناش ۋە بىلەي قىلىشنى، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى قۇدرەتلىك سىياسىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق، بىر ياچېيكا بىر قورغان. بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى تىزىملىتىشتا ئالدىدا ماڭدى، جەڭدە ئالدىدا ماڭدى، يېتەكچىلىك قىلىشتا ئالدىدا ماڭدى، بىرىنچى سەپتە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلدى. خۇبېي ۋۇخەندە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئارمىيەدىن خۇبېيغا ياردەمگە بارغان داۋالاش ئەترەتلىرى تېزلىكتە ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىلىرىنى قۇردى، «پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋاقىتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى مەقسەت چوغدەك قىزىق بولىدۇ»؛ خۇنەن چاڭشادا، خۇنەن جۇڭيى دورىگەرلىك داشۆسىنىڭ 1 - تارماق دوختۇرخانىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، «جەڭگە مەن تەييار! ئاتاكىغا ئۆتۈشكە مەن تەييار! غەلىبە قىلىشقا مەن تەييار!» دېدى؛ جېجياڭ ۋېنجوۋدا، ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىلىرى، پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى، پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تېز ھەرىكەتكە كەلدى؛ تيەنجىن جەجۈننىڭ دۇگجاڭ گېجۇۋاڭدا، 27 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە، ئەدلىيە ئورنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇي ھاياتىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتىدى. «مەن پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، بەرداشلىق بېرەلەيمەن» «مەن شۇجى، ئاغرىقلارنى توشۇشقا مەن بارايى» «پارتىيە ئەزالىرى كۆپرەك قاتىرىساق، ئاھالىلەر ئۆيىدىن ئازراق چىقىدۇ» «پارتىيە ئەزاسى بولغان ئىكەنمىز چوقۇم ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتىشىمىز كېرەك» «پەۋقۇلئاددە پەيت دەل پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقىت ئەمەسمۇ؟» «ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقان ۋاقتىمىزدا، كۆڭلىمىزدە جەزمەن بىر خىل مەنىۋى كۈچ تىرەك بولۇشى كېرەك» — مانا بۇ سەممىي، ئاددىي سۆزلەردىن پارتىيەۋىلىك نۇرى چاقنىدى، قىزىل ھېسسىيات نامايان بولدى. ئېغىر كېسەللەر كېسەلخانىسىدىكى مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي قۇتقۇزۇش - داۋالاشتىن شەھەر - يېزىلاردىكى مەھەللىلەردە ئۆيمۇئۆي كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكىچە، زاۋۇت سېخلىرىدىكى ئىسمېنا قوشۇپ، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ئىشلەپچىقىرىشتىن يەن تەتقىقات تەجرىبىخانىلىرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقىچە، مەيلى قايسى جايدا بولسۇن، مەيلى قايسى ئىش ئورنىدا بولسۇن، كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئاغرىقلار ئويلىغانىنى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ھەممىدىن ئۈستۈن، ھاياتلىق ھەممىدىن ئۈستۈن، دېگەن ئىدىيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە.

ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاش، جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرۇش، ئۆزى ئۈلگە بولۇش، نەمۇنىلىك بىلەن باشلامچى بولۇش، پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش، بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيەۋىلىكىنىڭ مەنىۋى ئامىلى. پارتىيە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا، باشتىن - ئاخىر بۇ ئىدىيە ۋە روھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، ئۆزىنىڭ كادىرلىرىنى چېنىقتۇرۇشتا چىڭ تۇردى، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى پارتىيەگە كىرگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئىدىيە ۋە روھنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى، تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىدىيە ۋە روھ پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشقا ھەرقانداق پارتىيەدىن پەرقلىنىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئوخشىمايدىغان روشەن بەلگىسى. قانچىكى خەتەرلىك پەيتتە تۇرغاندا، قانچىكى مۇھىم، زور پەيتتە تۇرغاندا، بۇ ئىدىيە ۋە روھ شۇنچە يارقىن نۇر چاچىدۇ. گەرچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيەلىك كادىرلاردا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كەسكىن كۈرىشىدە سىناقتىن ئۆتەلمەي، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق، ھەتتا جىددىي پەيتتە جەڭدىن قېچىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈزبەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ قىلمىشلار پارتىيەۋىلىك تەلىپى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىغان بولۇپ، پەقەتلا قۇياش نۇرى ئاستىدىكى بىر كۆلەڭگە، خالاس.

كەسكىن كۈرەش، مۇھىم، زور پەيتتە، پارتىيەلىك كادىرلارنى ئەڭ ياخشى تەكشۈرگىلى ۋە پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈپ، پەرقلەندۈرۈپ، باھالاپ، ئىشلىتىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدىكى ئەمەلىي ئىپادىسىنى ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، ئاساسىي مەقسەت ئېڭى، پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشى، تىزگىنلەش ئىقتىدارى، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى كېرەك. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش، دادىل ئىشلىتىش؛ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئېگىز جەۋلان قىلىۋاتقان پارتىيە بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلساقلا، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

(2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

«پىكىر»دە مۇنداق يېتەكچى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئايلىنىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نەتىجىدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلار، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى(تۆۋەندە بىردەك مەكتەپ دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ تەربىيەلەش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشتا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق ئاساسىي نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2022 - يىلغا بارغاندا، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان، ئايلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، نەتىجىسى نوپۇزلۇق، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈش كۈچلۈك بولغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك تۈزۈلمە مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىدۇ. ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكى جەھەتتە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە قارىتىلغان دەرىجىگە ئايرىلغان مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ. مەكتەپ نازارەتچىلىكى جەھەتتە، دۆلەت بىرتۇتاش ئۆلچەم بېكىتكەن، يەرلىك ئاساس قىلىنىپ يولغا قويۇلۇش تەشكىللەنگەن، مەكتەپلەرنى نازارەت قىلىش - يېتەكلەش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ. باھالاش، كۆزىتىش - ئۆلچەش جەھەتتە، مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك تارماقلىرى سىستېما بويىچە بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان، كۆپ تەرەپ قاتنىشىدىغان مائارىپ باھالاش، كۆزىتىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، مائارىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، مائارىپ تەدبىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

«پىكىر»دە مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك ئايلىنىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكى بويىچە جاۋابكارلىقنى تارتىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ نازارەتچىلىكى، تەكلىپلىك ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ نازارەتچىلىك - ھەيدەكچىلىككە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا قارىتا ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر كۈنى شىركەتنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى زاۋۇت رايونىغا ئېلىپ كىرىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تاماق يېگەندە ئايرىم غىزالىنىش تۈزۈمى قوللىنىلغان بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشمايدۇ. شىركەت ياتاقنى ئىككى قىسىمغا ئايرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىسمەن زاللاردا ئايرىم تۇرىدۇ، ئېشىپ قالغان ياتاقلار كېيىنكى مەزگىلدە ئىشقا چىقىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلغان. ئىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرگە ھەر كۈنى ۋاقتىدا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا تارقىتىلىدۇ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئىش ئورنىدىكى خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ كۆز ئاسراش ئەينىكى، پەلەي ۋە باشقا مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەخسۇس ئەخلەت تۆكۈش ئورنى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەخلەتنى جەزمەن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلايدۇ، تازىلىق خادىملىرى بىرتۇتاش يىغىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

شىنجاڭ لەنشەن تۇنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش لايىھەنى جىددىي تۈزگەن، باغچە رايونىدىن كوللېكتىپ ياتاق ئىجارىگە ئېلىپ، 24 سائەت ئىچىدە ماددىي ئەشيا سەپلەش، ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىشنى تاماملىدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ جۇڭتەي توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق توقۇش - پىششىقلاش 2 - سېخىدا، ئۈچ يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، شوپۇرلار ماسكا تاقاپ، توقۇش - پىششىقلاش، ئوراش سېخى بىلەن تەييار مەھسۇلات 9 - ئامبىرى ئارىلىقىدا رىسكوزا تالاسى توشۇۋاتاتتى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قەتئىي ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، جۇڭتەي توقۇمىچىلىق گۇرۇھى تولۇق يۈكلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلاپ، يۇقىرى - تۆۋەن لىنىيەدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى دائىرىلەشتۈرۈپ يۈرۈشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ «بىخەتەر، مۇقىم، ئۇزاق، تولۇق، ئەلا» يۈرۈشۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنىڭ ھەر ئىككىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

مۇلازىمەتنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش تىرەك تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇش

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى، شىنجاڭ بانكا پاي چەكلىك شىركىتى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، كرېدىت تارقىتىشنى زورايتىش، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پائال تۈرتكە بولدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسىنىڭ 64 تور نۇقتىسى سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلىپ، ATM ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىسى ۋە تور كەسپلىرى نورمال يۈرۈشۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ئاممىنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىگە بولغان ئېھتىياجىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ سېلىش، تىجارەت قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جەڭ سېپىگە يۈرۈلۈشتا، توردا ئىش بېجىرىش+تور سىرتىدا تەشكىللەشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، OA ھەمكارلىشىپ ئىش بېجىرىش سىستېمىسى، ئىشخانا ئۈندىدار توپى قاتارلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، توردا كېڭىشىش، ئالاقىلىشىش، كەسپ تەستىقلاش، توختام ئىمزالاش، ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ۋە تۈرلۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھىنىڭ 20 ئايرودرومى نورمال ئېچىۋېتىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ شەرتسىز ئالدىن توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن بۇيان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ 7529 قېتىم ئۇچۇشى ۋە قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ھازىر، بارلىق مەيدان، پونكىتلىرىنىڭ توك ئىشلەپچىقىرىشى نورمال بولۇۋاتىدۇ، فۇكاڭ سانائەت باغچە رايونىدىكى گاز تۇرۇبىسى تورى كەسپى نورمال تىجارەت قىلىۋاتىدۇ.

كادىرلار ئۈلگە بولۇش پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت بولۇش

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ھەم بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ، ھەم بىر قېتىملىق چوڭ سىناق.» شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى، بىرىنچى سەپتىكى ئورۇنلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا تىرىشتى. گۇرۇھ رەھبەرلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئارقا سەپ كاپالىتىگە كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار زاۋۇتتا كوللېكتىپ يېتىپ - قوپۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى.

شىنجاڭ لەنشەن تۇنخې خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ئۈلگە بولۇپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قىيىن ئۆتكەلنى ئورتاق يەڭدى. پارتىيەلىك كادىرلار باشتىن - ئاخىر ئالدىدا مېڭىپ، بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرسا، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە قەدەر، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ لەنشەن تۇنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتىدىكى 361 ئىشچى - خىزمەتچى كارخانىدا تاماق يەپ، كارخانىدا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىدى. ئىككى يۈرۈش قۇرۇلما، ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈن سۈرئەتتە ئايلاندى، PBSA1، PBSA2 ۋە ئامەۋى قۇرۇلۇش سېخىدىكى ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈن سۈرئەتتە ئىشلەپچىقاردى، PBSA1، PBSA2 نىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم - ئايرىم 96 توننا، 145 توننىغا يەتتى. بىرىنچى قارارلىق يىلىغا 2×3 تۈمەن توننا PBSA تۈردە ئىشلەپچىقىرىش، كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىككىنچى قارارلىق يىلىغا 240 مىڭ توننا تولۇق بىيولوگىيەلىك سۇسلاشتۇرۇلغان دېۋىرقاي ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىنى باشلىدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تور مەبلىغى، ياردەم بېرىش - يۆلەش بايلىقىنى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نامرات ناھىيە ۋە نامرات كەنتلەرگە مايىللاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قېيىننىڭ قېيىنىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. نىشان - ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، كۈچەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىنى تۈزىتىش ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»ى، 2019 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا قايتا ئىنكاس قىلىنغان ۋە بايقالغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تۈردە مەسىلە ئېنىقلانمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشمىگۈچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى كۈچەپ مۇستەھكەملەپ كېڭەيتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت - ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا - كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى ئۆزى تۇتۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولغان يولداشلار كونكرېت تۇتۇپ، بەنزە ئەزالىرى ماسلىشىپ تۇتۇپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ نازارەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، مەخسۇس تور ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساھەلەر نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت «تۆت بىر گەۋدە» بويىچە نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

يىغىن سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشى ئېلىپ كەلگەن جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن، شۇنداقلا مۇقىملىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پائال ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈتۈنۈش خىزمىتى كۈچىنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش كېرەك. ئائىلىدە، مەھەللىدە ۋە ئاپپاراتتا كۈتۈنۈشنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياشانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش بىلەن كۈتۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئوت مۇداپىئەسى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارنى ئۇنىۋېرسال نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ياشانغانلارنىڭ كۆپ خىللاشقان، كۆپ قاتلاملىق كۈتۈنۈش مۇلازىمەت ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇپ، ياشانغانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالتە ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى ۋە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يېتىپ، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 20 گە يەتتى، دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 55ى بار.

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ شېنجوۋ شىخەن يەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ قالماستىن، يەن - تېخنىكا ئەشيا ئوبوروت كارخانىسى بولغان شىنجاڭ خەيكې پۇلوگې يەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ۋۇخەن خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ ماددىي ئەشيالارنى تارقىتىشقا نەق مەيداندا ياردەم بەردى؛ شىنجاڭ ياۋدۇخۇي دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى تېببىي دورا سۈپىسىنىڭ مال مەنبەسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ تەقسىملەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى تەييارلاپ، ئىش باشلىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنات ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ماسلاشتۇردى...

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەۋەرلىشىش تۈرىدىكى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار بەس - بەستە يىراقتىن ئىش بېجىرىش، نۇقتىلىق ئىش ئورنىدا 24 سائەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دوختۇرخانا، ئايروپورت، ۋوگزال، مېترو قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش ساھەلىرى ھەم خەلق تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق كارخانىلار، جۈملىدىن كۆچمە خەۋەرلىشىش تورى ۋە ئائىلە كەڭ بەلباغ تورى قاتارلىق سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىددىي خەۋەرلىشىش كاپالىتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى.

«شىركىتىمىز ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق 17 ناھىيە، رايوننىڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش تورىنى ئاسراشقا مەسئۇل. يېقىنقى مەزگىلدە شىركىتىمىزنىڭ كەسپىي ئىشلىرىدا جىددىي تور مەخسۇس لىنىيەسىنى ئېچىش، كاشىلىنى جىددىي رېمونت قىلىش، يوللاش لىنىيەسىنى چارلاپ تەكشۈرۈش ئاساس قىلىندى، گەرچە كەسپ مىقدارى ئىلگىرىكىدىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاسراش، كاپالەتلەندۈرۈش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە شىركىتىمىز ئۆزى يۇقۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، شىنجاڭ رايونىدا 632 قېتىم جىددىي خەۋەرلىشىشنى كاپالەتلەندۈردى، كاپالەتلەندۈرۈش ۋاقتى جەمئىي 2662.69 سائەتكە يەتتى» دېدى يۇەنداۋ خەۋەرلىشىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى داڭ چۈەن مۇخبىرغا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)